
# ئالەم ۋە ئىنسان

ئاپتورى: دوكتور زەغلۇل نەججار



تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالەم ۋە ئىمان

ئاپتورى : دوكتور زەغلۇل نەججار

تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى

# الكون والإيمان

تأليف: دكتور زغلول النجار

ترجمة : هلالى

( باللغة الأويغورية )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# 1

## النظر فى الكون لماذا؟

تأليف : د. زغلول النجار

ترجمة :هلالى

## نېمە ئۈچۈن كائىناتقا نەزەر تاشلايمىز؟

ئاپتورى : دوكتور زەغلۇل نەججار

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

### بۇ كىتابچە :

بىلىش، سۆزلەش، ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىگە جاۋابكار ۋە يەر شارىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنىڭدا الله نىڭ قانۇنىنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان يېگانە سۈپەتلەرگە ئىگە مەخلۇق - ئىنسانغا بېغىشلاندى .

### بۇ كىتابچىنىڭ مەزمۇنى :

1. پەرۋەردىگارىڭ بارلىق نەرسىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگەندۇر .
2. ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە مۆجىزىلەر بار.
3. بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەت .
4. ئاغزاكى پاكىتلار .
5. ئىمان مۇقەررەر نەتىجىدۇر .

## مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ - سانالار كائىناتنىڭ رەببى اللە غا خاستۇر، دۇئايى - سالاملىرىمىز ئۇنىڭ ھەق ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، دوست - قاياشلىرىغا، ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇپ ، سۈننىتىگە ئەگىشىپ ئىزىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

دېمەك ، بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئالەمگە تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، بۇ كائىناتنىڭ پۇختا بىر سىستېمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ئاجايىپ قۇرۇلمىغا، غايەت ئەگلىككە، ئاجايىپ مۆجىزىدار ھەركەتكە ۋە مۇكەممەل قانۇنىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇنىڭدىكى پۇتكۈل شەيئىلەر ئىنتايىن مۇكەممەل ئۆلچەم ۋە غايەت ھېكمەتتە يارىتىلغان .

اللە تائالا دەيدۇكى : (( بىز ھەممە نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن ياراتتۇق ))، [ قەمەر سۈرىسى، 49 - ئايەت ]

## بىز كەڭرىتكۈچىدۇرمىز

يەر شارىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئالىملارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىزدىنىشى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا



شۇنى بىلىپ يەتتۇقكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەم داۋاملىق كەڭرىيىپ بارماقتا .

ھالبۇكى بۇ 14 ئەسىر ئىلگىرى قۇرئان كەرىم بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەقىقەت ئىدى . اللە تائالا دەيدۇكى : ((ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ئۇنى كەڭرىتكۈچىدۇرمىز )). [ زارىيات سۈرىسى، 47 - ئايەت ]

ئالىملار تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ : ئەگەر بىز مۇنداق كەڭرىش بىلەن ۋاقىت جەھەتتە كەينىمىزگە قايتىدىغان بولساق، ئاخىرى زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى ۋە غايەت كىچىك ، ئېنېرگىيىسى قىسىلغان بىر ئالەم جىسمىغا بېرىپ تاقىلىمىز . بۇ خىل ئېپتىدائى ئالەم جىسمى مۇقەررەر ھالدا قاتتىق قىسىلغانلىقتىن زور پارتلاش كېلىپ چىققان . بۇنىڭدىن يۇلتۇز - سەييارىلەر، ھەمرالار، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار، يۇلتۇز سىستېمىلىرى، گالاكتىكىلار ۋە باشقا ئالەم جىسىملىرىنىڭ يارىلىش ئاساسى بولغان ئالەم تۇمانى شەكىللەنگەن .

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە بۇگۈنكى كۈندىكى بارلىق ئىنسانىيەت بىلىمىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى .

اللە تائالا مۇنداق دېگەن : (( كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار( اللە نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟ )) . [ ئەنبىيا سۈرىسى، 30 - ئايەت]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەنە مۇنداق دېگەن : (( ئاندىن اللە ئاسماننى پارتىلىشقا يۈزلەندى ، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى ، ئاسمان بىلەن زېمىنغا : " ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار" دېدى. ئىككىلىسى : " ئىختىيارى كەلدۇق" دېدى)). [ فۇسسىلەت سۈرىسى، 11 - ئايەت ]

## ھەممىنى پۇختا ياراتقان

ئاسترونومىيە ئالىملىرى، ئالەم جىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئۇلارنىڭ ماسسىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ . بۇنىڭدا ئۆزلۈكىدىنلا مۇنداق سوئال كېلىپ چىقىدۇ : ھەرتۈرلۈك ئالەم جىسىملىرىنىڭ ماسسىسىلىرىنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئاشۇنداق غايەت ئىنتىزام ۋە تەرتىپلىك ھالدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆز - ئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش سىستېمىسىنى تۈزگەن كىم ؟

جاۋاپ : ئۇ ـ ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقۇچى اللە دۇر . توغرا مەنتىقە بويىچە خۇلاسە قىلغاندا، بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەم زور پارتلاش نەتىجىسىدە يارالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ گۈزەل كائىناتنى ئاشۇ پارتلاشتىن پەيدا قىلغان زادى كىم؟!

ھالبۇكى بىز ئېنىق بىلىمىزكى، پارتلاش دېگەنلىك - ماددىلارنىڭ قالايمىقان، تەرتىپسىز چېچىلىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.



مەنتىقى جاۋاپ شۇكى، بۇ اللە نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەت؛ چۈنكى، ئاشۇ زور پارتلاشنىڭ ئالدىدا بىر ئىلاھى ئىرادە ۋە تەدبىر بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭدىن بۇنداق قائىدە - تەرتىپلىك ماسسىلارغا ۋە بەلگىلىك ئوربىتىلارغا، توختاپ ياكى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ئىنتىزاملىق ھەرىكەتلەرگە ئىگە ئاجايىپ ئالەم جىسىملىرى بىلەن تولغان بۇ كائىنات بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى .

## ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە مۆجىزىلەر بار

ئىككىنچى قەدەمدە كائىناتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ، ئۆزىمىز يۈزىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ يەر شارىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ سىرتقى تاش قاتلىمىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل نېگىزدىن تۈزۈلگەن تۈرلۈك تاشلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز .

1. مىنېرال ماددىلارنىڭ يىغىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن رۇدىلىق تاشلار.

2 . بۇ خىل تاشلار ئېچىلىپ قېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللار تۈپەيلى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ پارچىلارنىڭ چۆكمىسى ۋە پىرىسلىنىشىدىن ھاسىل بولغان چۆكمە تاشلار .

3. مەزكۇر رۇدىلىق تاشلار ۋە چۆكمە تاشلارنىڭ بېسىم ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋاستىسى بىلەن ياكى ھەر

ئىككىلىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان قاتما تاشلار .

تاشلارنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىنېراللاردىن ھاسىل بولغان بولىدۇ . يەرشارىدا ھەر تۈرلۈك سوپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە نۇرغۇن مىتاللار بار بولۇپ، بەزىلىرى قاتتىق ، بەزىلىرى يۇمشاق، بەزىلىرى قىممەت باھالىق ۋە بەزىلىرى ئاددىي مىتاللاردۇر .

مىتاللار ئېلېمېنتلاردىن ياكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بەزى بىرىكمىلەر ئاددىي بولسىمۇ، بەزىلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ. يەرشارىدا ۋە ئالەمنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قىسمىدا تېپىلغان ئېلېمېنتلار يۈزدىن ئاشىدۇ .

ئېلېمېنتلار ياكى ئېلېمېنتلار بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغىنى پەقەت مىنېرال ماددىلارلا بولماستىن، بىزگە مەلۇم كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان .

## ئالاھىدە مۆجىزە ـ ھىدروگېن

بىز بىلگەن ئېلېمېنتلارنىڭ ئىچىدە ھىدروگېن گازى ئەڭ يېنىك ماددا بولۇپ، ئۇ بىز كۆرۈۋاتقان ئالەمدىكى ماددىلارنىڭ 74% نى تەشكىل قىلغان. گېلىي گازى



ئالەمنىڭ 24% تىن كۆپرەك قىسمىنى تەشكىل قىلىپ، كۆپلۈك جەھەتتە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇلاردىن باشقا قالغان يۈزدىن ئارتۇق ئېلېمېنتنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ پەقەت % 2 نى ھاسىل قىلىدۇ .

بۇ ئەھۋاللار مۇنداق توغرا خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ : بىزگە مەلۇم بارلىق ئېلېمېنتلار ئەسلىدە ھىدروگېن ئاتومىنىڭ يادروسىنىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ، يادرونىڭ بىرىكىش جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل جەريان " كائىناتنىڭ رېئاكتورلىرى " قاتارىدا قارىلىدىغان يۇلتۇزلاردا تاماملانغان، يەنى يادرونىڭ بىرىكىش جەريانى ئارقىلىق ھىدروگېن گازىدىن ئىبارەت ئەڭ يېنىك ئېلېمېنتتىن قالغان ئېلېمېنتلار شۇ يۇلتۇزلاردا ھاسىل بولۇپ، باشتا تۆمۈر قاتارلىق مىتاللار بىرىكىپ، ئاندىن تۆمۈر ماددىسى ئاتوملىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرىكىتى ۋاستىسىدە دەسلەپكى زەررىچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېپىشىشى ئارقىسىدا ئۇران ئېلېمېنتىغا ئوخشاش، تۆمۈرگە نىسبەتەن تېخىمۇ زىچلىقى يۇقۇرى ھەم مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە ئېلېمېنتلار پەيدا بولغان . ئالىملار ئاتوم ئېغىرلىقى ئۇراندىنمۇ يۇقۇرى بولغان 11 ئېلېمېنتنى بايقىدى، نەتىجىدە بىزگە مەلۇم بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ سانى 103 كە يەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھەممىسىنىڭ ئۆز ئوربىتىسى بار

بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ياردىمىدە بىزگە مەلۇم بولغان ئېلېمېنتلارنى ئاتوم ئېغىرلىقىغا ۋە ئاددىي - مۇرەككەپلىكىگە قاراپ تەرتىپلىك ھالدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سۈرۈلگەن ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلغان .

ئېلېمېنتلار مولېكۇلىلاردىن ، مولېكۇلىلار قانچىلىغان ئاتوملاردىن تەركىب تاپقان ، ئاتوملار بولسا مەركىزىدىكى مۇسبەت ئېلېكتىر قۇتۇپلۇق يادرو بىلەن ئاتوم يادروسىنىڭ ئەتراپىدا خۇددى سەييارىلەر قۇياشنى ئايلانغاندەك بەلگىلىك ئوربىتىلارنى بويلاپ ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلاردىن تەركىب تاپقان . ئېلېكترونلار يادرونىڭ مۇسبەت ئېلېكتىر قۇتۇبىغا باراۋەر ھالەتتىكى مەنپىي ئېلېكتىر قۇتۇبىغا ئىگە بولغاچقا، ئاتوم يادروسىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلايدۇ .

ئاتوم يادروسىدا يەنە مۇسبەت ئېلېكتىر قۇتۇپلۇق پروتونلار بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى نېيترونلاردىن ئىبارەت زەررىچىلەر مەۋجۇت ، بۇ نېيترونلار مۇسبەت پروتون بىلەن مەنپىي ئېلېكترونىدىن ھاسىل بولغان دەپ قارىلىدۇ . بەزىدە بۇ نېيترونلار ئېلېكترون ماسسىغا تەڭ كېلىدىغان، پوزىترون دەپ ئاتىلىدىغان مۇسبەت زەررىچە بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق قايتىدىن پروتونلارغا ئايلىنىدۇ . ئاتومدىكى بۇ دەسلەپكى زەررىچىلەر يەنە باشقا نۇرغۇن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان،



تېخىمۇ ئۇششاق زەررىچىلەردىن تەركىب تاپقان دەپ قارىلىدۇ.

## ئانگىستىروم

ئاتوم بۆلەكلىرى غايەت دەرىجىدە كىچىك بولغاچقا، بىر مىللىمېتىرنىڭ ئونلاپ مىليونلىرىدىن بىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . بۇ نازۇك ئۆلچەم بىرلىكى ئانگىستىروم دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ بىر گىرامنىڭ نەچچە يۈز مىليونلىرىدىن بىرى بىلەن ئۆلچەشكە توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇران ئېلېمېنتىغا ئوخشاش مەلۇم بىر ئېغىر ئېلېمېنتنىڭ بىرلا گىرامىدا شۇ ئېلېمېنتنىڭ ئاتوملىرىدىن مىليارد — تىرىلىيونلارچە، مەسىلەن : ئۇراننىڭ بىر گىرامىدا 10x2 ئۇران ئاتومى بار بولىدۇ .

ئېلېكترونىنىڭ دىئامېتىرى ئاتوم دىئامېتىرىنىڭ 100,000/1 گە توغرا كېلىدۇ. ئېلېكترون ماسسىسى ھىدروگېن ئاتومى ماسسىسىنىڭ 1/ 1838 گە توغرا كېلىدۇ . ئاتومنىڭ دىئامېتىرى ئۇنىڭ يادروسىنىڭ دىئامېتىرىدىن 20 مىڭ ھەسسە چوڭ بولىدۇ .

بۇنداق غايەت دەرىجىدىكى كىچىك ئارىلىق ۋە ماسسىلار ئالەمدىكى يۇلتۇزلار ئارا ئارىلىقلاردەك، خۇددى بىزنىڭ قۇياشىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا دەۋر قىلىدىغان

سەييارىلەرنىڭ ئارىسىدىكى يىراقلىق ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئاتوم يادروسىغا نېيترون رادىئاتسىيىسى ئۇچراشسا، ئاتوم يادروسى پارچىلىنىدۇ ۋە بۇ پارچىلىنىش نەتىجىسىدە دەسلەپكى ماسلىشىش ئاساسلىرى ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدىن غايەت زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىلىدۇ، يادرو قوراللىرى مۇشۇ ئاساستا ياسالغان.

## ماددا ۋە ئېنېرگىيە

پۈتۈن كائىنات دەسلەپكى بىرئالەم جىسمىغا، ئالەمدىكى ھەرتۈرلۈك ماددىلارنىڭ ئېلېمېنتلىرى بىرلا مەنبەگە ـ ھېدروگېنغا بېرىپ تاقالغان ھالدا، يەنى تۈرلۈك شەكىلدىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسى بىر پروتونلۇق يادروغا ۋە بىر ئېلېكترونغا ئىگە ھېدروگېن ئاتومىغا تۇتاشقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە، بىز يەنە شۇنى بايقايمىزكى، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ئۇلترا بىنەپشە نۇرلار، رادىئوئاكتىپ نۇرلار ۋە گامما نۇرلىرى قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ئېنېرگىيە ھالەتلىرى ئېلېكتروماگنىت قەۋىتىدىن ئىبارەت بىرلا قۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنى ئېنېرگىيە ھالەتلىرىمۇ بىرلا مەنبەگە بېرىپ تاقىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ماكان بىلەن زاماننىڭ ئارىلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسە، تار مەنىدىكى نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ئالەملىك تارتىش كۈچى ۋە



ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنىنىڭ ئارىسىنى باغلاشقا ھەرىكەت قىلغان. نەتىجىدە ئالەمنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قىسمى ـ ماددا، ئېنېرگىيە، زامان ۋە ماكان قاتارلىقلار بىر ماھىيەتنى ئېنىق بىلەلمىگەن بىرلا نەرسىگە يىغىنچاقلىنىدۇ، بۇ نەرسە بولسا كائىناتتىكى ئۇلۇغ بىردەكلىككە ( بىرلىككە ) ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىشقا بولىدۇ. ئاسترونومىيە ئالىملىرى بۇنى كائىنات بارلىققا كەلگەن زور پارتلاش نەتىجىسىدە ماددا، ئېنېرگىيە، زامان ۋە ماكانلار ھاسىل قىلىنغانلىقىنىڭ ئاساسى قاتارىدا چۈشەندۈرىدۇ.

## ئىنسان ـ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسە ئىدى!

يەرشارى ھەققىدىكى گېپىمىزگە قايتا كېلىدىغان بولساق، بىز يەرشارىنىڭ تۆت مىليارد 4600 مىليون يىللار ئىلگىرى ھاسىل بولغانلىقىنى بىلىمىز. يەريۈزىدىكى ئەڭ قەدىمقى ھاياتلىق ئىزىنىڭ ۋاقتى ئۈچ مىليارد 3800 مىليون يىللارغا تۇتىشىدۇ. يەريۈزىدىكى ئىنساننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىزلىرى 100,000 يىلدىن ئاشمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ھايۋاناتلاردىن بۇرۇن يارالغان، شۇنداقلا بۇ ھەر ئىككىلىسى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا سۇدىن يارالغان. 300 مىليون يىل ئىلگىرى تېخى قۇرۇقلۇقتا ھاياتلىق يوق ئىدى. اللە تائالا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانكى: (( ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق )) [ ئەنبىيا سۈرىسى، 30 ـ ئايەت]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

اللە تائالا يەنە: (( ئىنسان بىر دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزدىكى، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسە ئىدى)) دەيدۇ. [ئىنسان سۈرىسى، 1 - ئايەت]

ئىنسان ـ بىلىم، نۇتۇق، ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا قىلىپ يارىتىلغان ئالاھىدە مەخلۇق. دەل مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ ئۆزى قىلغان بارلىق ئىشلاردا مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتى بېكىتىلگەن، يەرشارىنى گۈللەندۈرۈپ ئۇنىڭدا اللە نىڭ قانۇنىنى بەرپا قىلىش ۋە ئاخىرقى رەسۇلى كۆرسەتكەن تەرىقىدە ياراتقۇچى اللە غا ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان مەخلۇق.

## بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ئامانەت

ئىنسان ئۆزىنىڭ ماددىي جىسمى بىلەن بىللە، ئۆزىنى ئىدراك قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان ئەقلىي - روھىي سۇبىستانسىيىگىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدىكى ئىنسانلىق ماھىيىتى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ماددىي جىسمى بىلەن، ياكى مەخسۇس ئاناتومىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ۋە ياكى ئىنسانلار تۈپىنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى ئۆزىنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، يەرشارىدىكى ۋەكىللىك مەجبۇرىيەتلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، يەنى يەرشارىنى گۈللەندۈرۈپ، اللە بۇيرۇغان تەرىقىدە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، پۈتۈن يەريۈزىدە اللە نىڭ ئادالىتىنى تۇرغۇزۇپ،



ئاشۇ مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلاپ، اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە تەسۋىرلىگەن ئۇلۇغ ئامانەتنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت: ((ھەقىقەتەن بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر.))، [ ئەھزاب سۈرىسى، 72 - ئايەت]

ئىنسان ماددىي جىسمانىيەت بىلەن روھىي تەبىئەتنى ئارىسىدىكى نازۇك مۇۋازىنەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇۋازىنەتنى ئۆلچەيدىغان مىزانى - ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىش، ئەمەلىي بىلىم ھاسىل قىلىشقا، ھاياتىي پائالىيەتلىرى ۋە ئەخلاق - مۇناسىۋەتلىرىنى ھەق يولغا يېتەكلەشكە ۋە كائىنات قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىپ، كائىناتتىكى اللە نىڭ مۆجىزىلىرىنى كەشىپ قىلىشقا ياردەم قىلىدىغان ئەقىلدۇر. نەتىجىدە يۇقۇرقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ يەرشارىنى گۈللەندۈرۈشىگە، رەببىنى تونۇشىغا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق اللە ئاتا قىلىدىغان ئالى ماقاملارغا قول يەتكۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئىنسان ماددىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى جىسمانىي مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاساسىي بۆلىكى سۇدىن ئىبارەت، يەنى 70% تىن ئارتۇق سۇ، قالغىنى ئاز مىقداردىكى باشقا

ئېلېمېنتلاردىن تەشكىل قىلغان، ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىر تال كىچىك مىخقا تەڭ تۆمۈر، بىرتال سەرەڭگە بېشىغا باراۋەر كېلىدىغان گۈڭگۈرت ۋە فوسفور، ئاز مىقداردىكى ھاك، ناترىي خلور، ۋە كالىي؛ ئىنتايىن ئاز مىقداردا باشقا بىرنەچچە ئېلېمېنتلاردىن بولۇپ، ئومۇمەن ئىنسان يارىتىلغان ئەسلى مەنبە - تۇپراقنىڭ ئاساسىي خىمىيۋى تەركىبىدىن ئىبارەت .

## روھ دېگەن نېمە ؟

ئىنساندىكى يوشۇرۇن سىر ئۇنىڭ بەدىنى ئاشۇ بىرنەچچە خىل ئاز مىقداردىكى ئېلېمېنتلاردىن قۇرۇلغانلىقىدا بولماستىن، بەلكى بۇلارنىڭ قانداق رەۋىشتە قۇرۇلغانلىقىدا. مەسىلەن، ئەگەر ئىنسان بەدىنىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ نىسبەتلىرى ئازراقلا ئۆزگەرسە، بۇ ئىنسان بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلار ئىدى. ھالبۇكى، ئىنسان بەدىنى يۈز مىليارتلىغان ھۈجەيرىلەردىن تەركىپ تاپقان، ھۈجەيرىلەر مەخسۇس توقۇلمىلارنى ھاسىل قىلغان؛ توقۇلمىلار مەخسۇس بىر ئەزا بولۇپ رەتلەنگەن، بەدەندىكى ئەزالار بولسا، ھەممىسى تەرتىپلىك ھالدا ئۆزئارا ماسلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، بەدەندىن ئىبارەت مۇكەممەل قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىپ، بۇ مۆجىزىۋىي گەۋدىنىڭ تۈرلۈك ھەركەتلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ بەدىنى ھەر سېكۇنتىغا تەخمىنەن 125 مىليون ھۈجەيرىنى سەرپ قىلىدۇ، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆلۈپ،



ئورنىغا باشقا ھۈجەيرىلەر دەرھال ھاسىل بولىدۇ . شۇنداقتىمۇ ئىنسان ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ساقلىغان ھالدا ھايات كەچۈرۈۋېرىدۇ .

بۇ يەردە كارامەت ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىشارەت قىلىپ ئۆتسەك كۇپايە: تۇپراق، قۇرۇق چالما ۋە لاينى الله ئالدى بىلەن ئامىنو كىسلاتاسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئاقسىللارغا، ئاندىن ئاقسىللارنى تىرىك ھۈجەيرىلەرگە ئايلاندۇرۇۋاتقان ... ئىنسانلاردىكى ھازىرقى زاماندىكى يۇقىرى چەككە يەتكەن ئىلىم - پەنمۇ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ !

الله تائالا ھەق سۆز قىلغانكى : (( ئۆزەڭلاردىكى (مۆجىزىلەرگە)قارىمامسىلەر؟)) [ زارىيات سۈرىسى،21 - ئايەت]

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن يارىتىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىرىك ھۈجەيرىلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بەدەنلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ، قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىش ۋاقتىدا ئاشۇ تۇپراق قايتىدىن ئىنسان قىلىپ يارىتىلىدۇ .

## بىز كەگرىتكۈچىدۇرمىز

ئاسترونوملار دەسلەپكى زور پارتلاشتىن كېلىپ چىققان كائىناتنىڭ كەڭرىيىپ بېرىش جەريانى داۋاملىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۈرئىتىنى ئاستىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئالەم جىسىملىرىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان تارتىش كۈچى بىلەن تامامەن قارىمۇ- قارشى ھالدا كېڭىيۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئالىملار شۇلار تۈپەيلى يۇقۇرقى قارىمۇ - قارشى ئىككى خىل كۈچ ئۆز ئارا تەڭلەشكەن بىر ۋاقىت چوقۇم يېتىپ كېلىپ، كائىناتنىڭ ھازىرقى ئاجايىپ مۇكەممەل تۈزۈلمىسىگە خەتەر تۇغۇلىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ پىكىر بويىچە بولغاندا، تارتىش كۈچلىرى تارقىلىش كۈچلىرىنى بارغانسېرى بېسىپ چۈشىدۇ - دە، ھازىرقى كەڭرى ئالەم ئۆزى تۈنجى يارىتىلغان غايەت كىچىك ۋە ماسسىسى زىچ بولغان ئىپتىدائى ئالەم جىسمى شەكلىدە ئۆزگىچە يىغىنچاقلىنىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە تۇمان ھالىتىگە ئۆتىدىغان يەنە بىر يېڭى پارتلاش كېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ھازىرقى يەر ۋە ئاسمانلاردىن باشقا يېڭى يەر - ئاسمانلار يارىلىدۇ، خۇددى كائىناتتىكى تىرىك جىسىملار قايتىدىن يارىتىلىش ئۈچۈن يەردىكى تۇپراققا قايتقاندەك بارلىق شەيئىلەر ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى مۇنداق بايان قىلغان ئىدى: (( ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى)نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. بۇ بىزنىڭ ۋەدىمىزدۇر، ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز))، [ئەنبىيا سۈرىسى، 104 - ئايەت]



(( ئۇ كۈندە زېمىننىمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارنىمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار( ئىنسانلار) يىگانە، قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا ھازىر بولىدۇ )) [ ئىبراھىم سۈرىسى، 48 - ئايەت]

## ئاغزاكى پاكىتلار

ياراتقۇچى اللە نىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئالبېرت ئېينىشتېيىندىن ئىبارەت غەيرى مۇسۇلمان ئېيتقان ھەق سۆزنى يەتكۈزىمىز. ئېينىشتېيىن باشتا يەھۇدى كېيىن ئاتېئىست بولۇپ، ئاندىن كېيىن بۇ كەڭرى ئالەم ھەققىدىكى تەپەككۇر - ئىزدىنىشلىرى ئارقىسىدا ئاخىرقى رەۋىشتە ياراتقۇچىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە يەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ " ئاخىرقى كۈنلىرىم" دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى : " ئىنساننىڭ روھى دۇنياسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدىغان ئەڭ زور خىيال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ كائىنات ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆككەن چاغدا ئىنساننىڭ كۆڭلىگە بىر خىل تەسىرات كېچىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ چەكلىك سەزگۈلىرى ۋە چەكلىك ئەقىل قۇدرەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلالايدۇ. بىراق ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ كەينىدىن چەكسىز مۆجىزىنى سېزەلەيدۇ" .

ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: " مەندىكى بۇ خىل ھالەت ھەقىقەتەنمۇ باشقا بارلىق كىشىلەردىكى ئىبادەت ھالىتىدۇر" . ئاندىن تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: " بۇ دۇنيادا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇ خىل روھىي ھالەتتە تۇرۇپ باقمىغان ئىنسان ھەقىقەتەن تىرىك ئۆلۈكتۇر" .

كېيىن مۇخبىرلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا، مەن خۇدادىن قورقۇشقا تەگلەشتۇرۇپ ئېنىرگىيىسىنى قامىۋالغان ئادەملەرگە ھەيرانىمەن، دېگەن چاغدا ، ئۇ بۇ مۇخبىرغا: " فىلمىڭ! ئاغزىڭنى يۇم، مەن ئاتېئىست ئەمەسمەن، خۇداغا ھەقىقەتەن ئىشىنىمەن" دېگەن ئىدى .

ئاسترونومىيىگە دائىر كىتاب يازغان ئامېرىكىلىق يەنە بىر ئايال تەتقىقاتچى بۇ پەن توغرىسىدا ئۆز كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: " ئىنسان بۇ پەنگە كىرىپ قالىدىغان بولسا، يا خۇداغا سەجدە قىلىدۇ، يا بولمىسا ئەقلىنى يوقىتىدۇ" .

## ئىمان ـ مۇقەررەر نەتىجىدۇر

دەل يۇقۇرقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قۇرئان كەرىم كائىنات ھەققىدە نەزەر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە قايتا ـ قايتا قاتتىق تەكىتلىگەن. چۈنكى بۇ كائىنات ئىنسان بىۋاستە كۆزىتىدىغان دەرىزە بولۇپ، بۇ دەرىزە ئارقىلىق ئۇ



الله نىڭ ئۇلۇغ مەخلۇقاتلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇلار بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىلمى ۋە ھېكمىتى بىلەن ياراتقان ئۇلۇغ الله نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىدۇ ـ دە، بۇنداق ئىنسان ئۆز ياراتقۇچىسى الله نى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىپ ئۇنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ .

نەتىجىدە روسۇلۇللاھنىڭ : " سەن دۇنيادا خۇددى غېرىپ ياكى ئۆتكۈنچى مۇساپىردەك بولغىن" دېگەن تەلىمىنى چىقىش قىلىپ، دۇنياغا غېرىپلىق مۇئامىلىسىدە بولىدۇ .

## قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىش

ئىنسان بۇ كائىناتقا نەزەر قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەزەلىي كائىنات بولماستىن ئەسلى باشلىنىش نۇقتىسى بارلىقىنى بىلىدۇ ـ دە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە نىسبەتەن ئىمانى تېخىمۇ روشەنلىشىپ قەلبىگە مۇستەھكەم ئورنايدۇ.

ئالىملار كائىنات قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەش ئارقىلىق، كۈنلەردىن بىركۈنى چوقۇم ئاخىر زامان بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ .

بۇ ئالەم بارغانسېرى كەڭرىپ بارماقتا، بۇ خىل كەڭرىش نەتىجىسىدە كەينىمىزگە قايتىدىغان بولساق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرى بۇ كائىناتتىكى ماددىلار زىچ بىر ئالەم جىسمىغا يىغىنچاقلىنىشى چوقۇم.

بۇ يەردە دەيمىزكى، خالىساڭلار الله نىڭ بۇ ھەق سۆزىنى ئوقۇپ بېقىڭلار : (( كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىنلار تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىېۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار ( الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ ؟)) [ ئەنبىيا سۈرىسى، 30 - ئايەت]

## خۇلاسە كالام

بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، كائىناتقا نەزەر قىلىش ئۇلۇغ الله نى تونۇشنىڭ بىر خىل يولى، بۇ ئالەمدىكى ئىلاھىي قۇرەتلەرنى چۈشىنىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى.

پەقەت ئاشۇ ئالەم جىسىملىرىنىڭ ئۆز ماكانلىرىنى ساقلىشى، ئايلىنىش ھەركەتلىرى... مىليونلىغان يىللار مابەينىدىكى مۇشۇنداق ھالەتلىرىنىڭ ئۆزىلا ئۇلۇغ ياراتقۇچى الله نىڭ بارلىقىغا پاكىتتۇر . بۇ ئالەم ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلىشى ياكى بىر تەسادىپىلىقتىن ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە شاھىدتۇر.

ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ياراتقۇچىدىن ئىبارەت زاتنىڭ يارىتىشى بىلەن ئالەم مەۋجۇتتۇر .



(( ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر)). [ شۇرا سۈرىسى، 11 - ئايەت]

شۇڭا رەسۇلىمىز تۆۋەندىكىدەك نۇرانە يولىيورۇقنى كۆرسەتكەن ئىدى ، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ (( شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار )) [ ئال ئىمران سۈرىسى، 190 - ئايەت]دېگەن ئايىتى نازىل بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ دەرھال قوپۇپ ناماز ئوقۇدى، بىلال ئەزان ئېيتقىلى كېلىپ ، رەسۇلۇللاھنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە: " ئى الله نىڭ ئەلچىسى، الله سىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، يەنە يىغلامسەن؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: " ئى، بىلال ! مەن شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمامدىمەن؟ الله بۇ كېچە ماڭا ((شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار )) [ ئال ئىمران سۈرىسى، 190 - ئايەت] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى". ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى : " بۇ ئايەتنى ئوقۇپ تۇرۇپ يەنە تەپەككۇر قىلمىغان ئادەم قۇرۇپ كەتسۇن !"

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ماختاش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!

# 2

# قدرة الله فى الكون

تأليف: د. زغلول النجار

ترجمة : هلالى

## ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قۇدرىتى

ئاپتورى : دوكتور زەغلۇل نەججار

تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى



بۇ كىتاپچە :

اللہ نىڭ ئۇلۇغ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئىماننى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن اللہ نىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكەنلەرگە؛ شۇنداقلا تەپەككۇر قىلماستىن ماددىي دۇنيانىڭ زۇلمەتلىرىدە تەمتىرەپ يۈرگەنلەرگە بېغىشلاندى.

بۇ سۆزلەر تۆپەيلىدىن ھەق يولغا قايتىشسا ئەجەپ ئەمەس ...

بۇ كىتاپچىنىڭ مەزمۇنى :

1. كائىنات بىلەن تونۇشۇش ھاياتىڭىزدىكى بىر مۇھىم ئىش.
2. ئىمانىڭىز كائىناتنى چۈشىنىشىڭىزنىڭ يولىدۇر.
3. يەر يۈزىدە ئىككى مىليون ھاياتلىق تۈرى ياشاۋاتىدۇ.
4. ۋاقىت ئۆلچەشنىڭ مۇكەممەل ۋاستىسى - ئاي.
5. قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاجايىباتلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى ئالەمگە توغرا، ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي ئۇسلۇبتا چوڭقۇر نەزەر تاشلاشقا قاتتىق تەرغىپ قىلغان. چۈنكى ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە بىر قىسىم ئالەم ھەقىقەتلىرىنى ۋە اللە نىڭ ئالەمنى ئىدارە قىلغۇچى قانۇنىيەتلىرىنىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يېتىشى ئارقىلىق، يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى بولۇش ۋە يەرشارىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇھىم بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

شۇنداقلا ئۇ ئۆز رەببىنى ۋە بۇ ئۇلۇغ خالىقنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى كائىنات نەزەرى ۋاستىسىدە ئېنىق تونۇپ يېتىپ، قۇرئان كەرىم ۋە بىغۇبار سۈننەتلەرنىڭ ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز رەببىگە ھەقىقى بەندىلىك رەۋىشىدە سەجدە قىلىپ، اللە نىڭ قانۇنلىرىغا تولۇق بويسۇنىدۇ.

اللە قا سەجدە قىلىش ۋە تولۇق بويسۇنۇش بولسا ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

اللە تائالا دەيدۇكى : (( جىن ۋە ئىنساننى ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم ))، [زارىيات سۈرىسى،52 - ئايەت]



## كائىنات بىلەن تونۇشۇش ھاياتىڭىزدىكى بىر مۇھىم ئىش

چەكسىز كەڭ، مۇكەممەل قۇرۇلمىلىق ۋە سىستېمىلىق ھەرىكەتكە ئىگە كائىنات ئالدىدا ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەجىم، ماكان - زامان ۋە كۈچ - قۇدرەت جەھەتلەردىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى مەۋجۇداتىنىڭ تەبىئى ھالدا ياراتقۇچىنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مېھرىبانلىقىغا ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ئۇقىدۇ.

شۇنداقلا بۇ ئالەمنى مۇستەھكەم ھەم مۇكەممەل ھالدا ئىدارە قىلىۋاتقان قانۇنىيەتلەردىن ئاجايىپ بىر خىل ئەركىن ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ تەجەللىسىنى بايقايدۇ.

يەنە شۇنداقلا، ئىنسان ئۆزىگە يەرشارىنى گۈللەندۈرۈش بۇرچى تاپشۇرۇلغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭغا لايىق ئىقتىدارلارغا ئىگە قىلىنغانلىقىدىن بىر خىل ئىلاھىي ھۆرمەت شەرىپىنى ھېس قىلىدۇ.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (( ھەقىقەتەن بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە)چىقاردۇق. ئۇلارنى شىرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق)). [ئىسرا سۈرىسى، 70 - ئايەت]

كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا تەرغىپ قىلىپ اللە تائالا مۇنداق دېگەن: {شۈبھىسىزكى، ئاسمانلار بىلەن

زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغىنىدىمۇ، ياتقاندىمۇ اللە نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، (ئۇلار)" پەرۋەردىگارىمىز ! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" (دەيدۇ) } . [ئال ئىمران سۈرىسى، 190 - 191 - ئايەتلەر]

(( ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كۆپى (بۇنى) بىلمەيدۇ.)) [ غافىر سۈرىسى، 57 - ئايەت]

(( ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد ھەققىدە) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق.)) [ ئەنئام سۈرىسى، 75 - ئايەت]

(( ئۇلارغا تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، بىز ئۇلارغا (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۇلارغا كۇپايە قىلمامدۇ؟!))، [فۇسسىلەت سۈرىسى، 53 - ئايەت]

رەببىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: (( زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا اللە قا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن ( اللە نىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان)نۇرغۇن ئالامەتلەر



بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟!)) [ زارىيات سۈرىسى، 20 - 21 - ئايەتلەر]

(( ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؛ زېمىن قانداق يېيىتىلدى؟!)) [ غاشىيە سۈرىسى، 17 - ئايەتتىن 20 - ئايەتكىچە]

مانا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان كائىناتنى تونۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتتىكى بۇرچىنىڭ بىر قىسمىنى ئادا قىلغان بولىدۇ ھەم كائىناتنى تونۇش ئىنسان مەۋجۇتلۇقىدىكى بىر مۇھىم ئىش .

## كائىنات نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئەسلىدە "كائىنات" دېگەن بۇ ئاتالغۇدىن مەقسەت، ماددا ، ئېنېرگىيە، ماكان ۋە زامان قاتارلىق تۇرلۇك شەكىلدىكى ماددىي مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلاردىن تەشكىل تاپقان بارلىق جانلىق - جانسىز مەۋجۇداتنىڭ يىغىندىسى ئىدى . بۇنداق بولغاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى ئىنسانىيەت ئىلىم - پەنلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ قىسمىغا چېتىلغانلىقتىن، ئادەتتە " كائىنات" ئاتالغۇسىنىڭ مەنا ئوبيېكتى كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ تارايتىلىپ، ئىدراك قىلىنغان ياكى ئىدراك قىلىنمىغان تۇرلۇك شەكىل، تۇرلۇك ھەجىم ۋە ماسسا - ھەرىكەتلەرگە ئىگە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئومۇمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىستېمىسىنى ئۇلارنىڭ خىمىيىلىك - فىزىكىلىق تەركىپ - خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئىچكى باغلىنىش قۇۋۋەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى ۋە پەيدا بولۇش جەريانى بىلەن ئۆتمۈشى، كەلگۈسىدىكى ھالەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

بۇنىڭغا بىنائەن كائىنات تەتقىقاتى ئىلمى كوسمولوگىيە (cosmology) ۋە ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىش ئىلمى (cosmo genesis) تىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. بۇئىككى پەن كائىناتقا ئالاقىدار نۇرغۇن تارماق پەنلەرنى (cosmic sciences) ئۆز ئىچىگە ئالغان نېگىزلىق ئىلىم ھېساپلىنىدۇ.

## ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدىغانلار

ئىنساننىڭ قەدىمى يەرگە دەسسىگەن چاغلاردىن باشلاپلا، كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا بىرىلگەنلىكى شەكسىز. الله تائالا ئىنسانغا ئىلاھىي ۋەھىينىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشارەتلىرىنى نامايان قىلغانلىقىغا كۆرە، ھەرقاچانكى ئىنسان ئۇ ئىشارەتلەرنىڭ نىشانىغا قاراپ ئىنتىلسە، الله ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بەرگىنىگە ماس ھالدا ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ھەقىقى ئورنىنى، بۇرچىنى ۋە ئالەم بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.



ئەكسىچە، ھەرقاچانكى الله نىڭ ھىدايىتىدىن بۇرۇلۇپ كەتسە، كائىنات ھەققىدە ئەپسانە - خۇراپاتلارغا تولغان ئىدىيىگە قاراپ يۈزلىنىدۇ ياكى كائىناتتىكى بەزى ھادىسە - سىرلارنى توغرا ئىلمىي ئۇسلۇب قوللىنىش ئارقىسىدا چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كۆككە كۆتىرىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا باشلايدۇ...

قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنداقلارنىڭ ھالىتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: (( ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئەمەل قىلىشتىن) غەپلەتتە قالغاندۇر)) [ رۇم سۈرىسى، 7 - ئايەت]

## يەرشارىنىڭ كائىناتتا تۇتقان ئورنى

يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئىنسانلار يەرشارىنى كائىناتنىڭ مەركىزى، بارلىق سەييارىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن.

ئىلمى تەتقىقاتلار بۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ، يەرشارىنىڭ قۇياش سىستېمىمىزنى ۋە باشقا يۇلتۇز - سەييارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئالەمدىكى مۇكەممەل قۇرۇلۇشنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىككىنە جىسىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قۇياش سىستېمىسى بولسا، قۇياشىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەخمىنەن 400 مىليارت يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سامان يولى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنداقلا ئاشۇ مىليارتلىغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىرى خۇددى بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىزدىكى توققۇز سەييارە ۋە باشقا ھەمرا - جىسىملارغا ئوخشاش سانسىزلىغان سەييارە - ھەمرالار ئۆز ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان سىستېمىلارنى تەشكىل قىلغان ...

سامان يولى سىستېمىسى " يەرلىك يۇلتۇزلار تۈركۈمى" ئاتالغان، دىئامېتىرى ئون مىليونلىغان نۇر يىلىغا تەڭ كېلىدىغان ( نۇر يىلى تەخمىنەن 9·5 تىرىللىيون كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ ) گالاكتىكىلار توپلىمىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. " يەرلىك يۇلتۇزلار تۈركۈمى" مۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىدىن تېخىمۇ چوڭ گالاكتىكىلاردىن بىر پارچە بولۇپ، بۇلارمۇ ئۆزىدىن تېخىمۇ چوڭ توپلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىپ، غايەت زور يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ...

ئالىملار يۇلتۇزلار توپلاملىرى ئاراللىرى ياكى گالاكتىكا توپلىرى شەكلىدە دۇنيا ئاسمىنىنىڭ بىر بۆلىكىدە ئۈزۈپ يۈرگەن 200 مىليوندىن كۆپرەك يۇلتۇزلار توپىنى ساناپ چىققان، بۇ يۇلتۇزلار توپلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقلىرى نۇر تېزلىكىگە يېقىن كېلىدىغان سۈرئەتتە ( نۇر بىر سېكۇنتتا تەخمىنەن 300,000 كىلومېتىر يول ماڭىدۇ ) بارماقتا ...



ئىنساننىڭ بىلىش دائىرىسىدىن چەكسىز يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ غايەت زور مۇساپىلەر ئارىلىقلىرىنى يېڭى ھاسىل بولغان ماددىلار تولدۇرماقتا ...

بىزنىڭ كائىنات ھەققىدىكى كۆپ قىسىم مەلۇماتلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يەرشارى ۋە ئۇنىڭدىكى ماددىلارنى، يەرشارىغا چۈشكەن مېتېئورىتلارنى تەتقىق قىلىشتىن ھاسىل بولغاچقا، ئالدى بىلەن يەرشارى ھەققىدە توختىلىپ، ئاندىن كائىنات ھەققىدە سۆزلىشىمىز زۆرۈر.

## يەرشارى

ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەرشارى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شار شەكىللىك قاتتىق يۇلتۇزنىڭ دىئامېتىرى 12740 كىلومېتىرغا يېتىدۇ ، ئوتتۇرىچە رادىئۇسى 40042 كىلومېتىر، يۈزىنىڭ كۆلىمى 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن سەل ئاشىدۇ، ھەجمى بولسا مىليارد كۇب مېتىردىن سەل جىقراق؛ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 5·5 / $cm^3$ گرام، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ ماسسىسى 5976 مىليون توننىغا تەڭ كېلىدۇ . ( تەخمىنەن 1026 x6).

يەريۈزىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى سۇلار قاپلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئوكيان سۇلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر ( يەنى 3795 مېتىر ) كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇرۇقلۇقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 840 مېتىر. قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئېگىز چوققا - چومولاڭما چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8848 مېتىر.

ئەڭ چوڭقۇر دېڭىز چۆكمىسى فىلىپپىن ئاراللىرى ئەتراپىدا بولۇپ، 11033 مېتىرغا يېتىدۇ. يەرشارى يۈزىنى بەلگىلىك خىمىيىلىك تەركىبتىكى ھاۋا قاتلىمى قاپلاپ تۇرىدۇ، ئېگىزلىكەنسېرى ھاۋانىڭ بېسىمى كېمىيىپ بارغاچقا، يەر يۈزىدىن 40 كېلومېتىر ئېگىزلىكتە ھاۋا بېسىمى يوق دېيەرلىك.

ئالەمنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قىسمىغا يەرشارىدىن قانچە يىراق بولغانسېرى شۇنچە ئازىيىپ بارىدىغان يۇلتۇزلار ئارا ماددا دەپ ئاتىلىدىغان گازسىمان ماددىلار تولۇپ تۇرىدۇ.

## لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق

يەرشارىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئوكيانلاردا خىلمۇ - خىل ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، ئىنسان - جىنلار بولۇپ مىليارتلىغان جانلىقلار ياشايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھازىرغىچە ئىككى مىليون ئەتراپىدا ھاياتلىق تۈرلىرىنى بايقاپ يەتتۇق، بۇ ھاياتلىق تۈرلىرى تۈرلۈك ئائىلە، ئەترەت ، توپ ۋە گورۇھلارغا بۆلۈنىدۇ. ئالىملار كۆنسېرى يېڭى ھاياتلىق تۈرلىرىنى بايقاپ خاتىرىلىمەكتە...



اللە تائالا ھەق سۆزلىگەن: (( مەيلى يەريۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق. كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)). [ ئەنئام سۈرىسى، 38 - ئايەت]

يەرشارىدىكى بارلىق ماددىلار، سۇ، ھاۋا، ھاياتلىق تۈرلىرى ۋە بىزگە مەلۇم بولغان ئالەمدىكى بارلىق ماددىلار توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ.

يەرشارىنىڭ سىرتقى قىسمىدا قېلىنلىقى تەخمىنەن 15 - 62 كېلومېتىرغا تەڭ كېلىدىغان تاش پوست قەۋىتى بار بولۇپ بۇ قەۋەت مۇنۇلاردىن تەشكىل تاپقان:

* يەر پوستى . بۇنىڭ قېلىنلىقى قۇرۇقلۇقلاردا 30 - 50 كېلومېتىر ئەتراپىدا، دېڭىز ئوكيانلارنىڭ تېگىدە 5 - 8 كېلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ .

* يەريۈزىنىڭ يۇقۇرقى قەۋىتى . بۇ قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى قۇرۇقلۇقلاردا تەخمىنەن 35 - 100 كېلومېتىرغا، دېڭىز ئوكيان ئاستىدا بولسا 57 - 65 كېلومېتىرغا يېتىدۇ .

يەرشارىنىڭ تاش پوستىنىڭ تېگىدە بىر نەچچە ئىچكى قەۋەت رايونلىرى بار بولۇپ، ئۇلار سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك جايلاشقان :

* سىرتقى قاتلام . بۇ قەۋەت يەرشارىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، 700 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇققا قەدەر سوزۇلىدۇ. بۇ قاتلام ئېرىش نۇقتىسىغا يېقىن ھالەتتىكى يۇقۇرى گرادۇسلۇق، يۇقۇرى بېسىملىق يۇمشاق ئاقما جىسىملاردىن ئىبارەت ۋە بۇ قەۋەتتىكى ماددىلار ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

* * ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام. بۇ قەۋەت 2900 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇققىچە سوزۇلغان بولۇپ، قانچە چوڭقۇرلىغانسېرى شۇنچە يۇقۇرى زىچلىققا ئىگە، ئىنتايىن يۇقۇرى بېسىملىق ۋە يۇقۇرى گرادۇسلۇق قاتتىق ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان .

* يەرنىڭ سىرتقى يادروسى . بۇ قەۋەت ئاساسەن تۆمۈر، نىكېل ۋە ئاز مىقداردىكى گۈڭگۈرت ( ياكى سېلىكون) دىن تەركىپ تاپقان سۇيۇق ماددىلاردىن تۈزۈلگەن. چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 5200 كىلومېتىر. ئادەتتە بۇ قەۋەت " سۇيۇق يادرو " دەپ ئاتىلىدۇ.

* يەرنىڭ ئىچكى يادروسى . بۇ تۆمۈر، نىكېل ۋە گۈڭگۈرت ياكى سېلىكۇن قاتارلىق بەزى ئېلېمېنتلاردىن تەركىپ تاپقان قاتتىق شارسىمان جىسىمدىن ئىبارەت. دىئامېتىرىنىڭ يېرىمى 1170 كىلومېتىر ئەتراپىدا. بۇ قەۋەت ئادەتتە يەر يادروسى دەپ ئاتىلىدۇ .



## يەتتە قەۋەت زېمىن دېگەن نېمە؟

بەلكىم مەزكۇر يەتتە قاتلام اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان يەتتە قەۋەت يەرنى كۆرسەتسە كېرەك : (( اللە يەتتە قات ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى. اللە نىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. (سىلەرگە بۇنى بىلدۇرۇشۇم) اللە نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە اللە نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر)). [تالاق سۈرىسى، 12 - ئايەت]

شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئاسمانلارنى (( اللە يەتتە ئاسماننى ئۈستىمۇ - ئۈستى ياراتتى )) [ مۈلك سۈرىسى، 3 - ئايەت] دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك، يەتتە قات يەرمۇ ئۈستىمۇ - ئۈستى، يەنى سىرتقى قەۋەتنى ئىچكى قەۋەتنى ئوراپ تۇرىدىغان ھالەتتە بولغىنى ھەق، بىز يەرشارىدىن بىلىپ يەتكەن يەتتە قەۋەت مانا مۇشۇنداق ھالەتتە جايلاشقان .

## يەرشارىنىڭ قاتتىق تاشلىق پوستى

يەرشارىنىڭ پوستى ۋە يۇقۇرى سىرتقى قاتلىمى قاتتىق تاشلىق پوستتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تاشلىق پوست 62 - 150 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇققا قەدەر يەرشارىنى تامامەن ئورىغان يېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ ناھايىتى زور تۇرسىمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھالەتتە يېرىلىدۇ، نەتىجىدە بۇ سىرتقى پوست نۇرغۇنلىغان "يەريۈزى تاشلىق قاتلىمى" دەپ ئاتالغان تاش قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ خىل تاش قاتلاملىرى يەرشارىنىڭ سىرتقى قاتلىمى رايونىدىكى ئىچكى ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسىدە قوزغىلىپ، بىر بولسا بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشقا باشلايدۇ - دە، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئاستىدىكى جىلغىلارنىڭ كەڭرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياكى بۇ تاش قاتلاملار بىر - بىرىگە قىستىلىپ سوقۇلۇش نەتىجىسىدە تاغ تىزمىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بەزىدە ئۇلار ئۆزئارا قىستىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ تاش قاتلاملارنىڭ يېرىلغان جايلىرىدا، بولۇپمۇ بىر - بىرىگە سوقۇلىدىغان رايونلىرىدا يەر تەۋرەش ۋە ۋولقان پارتلاشلار كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. يەرشارىنىڭ تاش قاتلاملىرى ھەر يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 - 10 سانتىمېتىر ئارىلىققا تەڭ كېلىدىغان مىقداردا ئىنتايىن ئاستا سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە مىليونلىغان يىللار جەريانىدا ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ.

قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەر ئىچىدە يەرشارى قۇياشقا يىراقلىق جەھەتتە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ، يەرشارى بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 150 مىليون كىلومېتىر بولۇپ، قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىنى بويلاپ سېكۇنتىغا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئايلىنىپ تۇرىدۇ ۋە قۇياشنى تولۇق بىر



ئايلىنىپ چىققان ۋاقتى 365 كۈن نەچچە سائەت بىر شەمسىيە يىلى ھېساپلىنىدۇ .

بۇنىڭ بىلەن بىللە يەرشارى مىنۇتىغا 27.8 كىلومېتىر سۈرئەتتە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ . بۇنىڭدىن پەسىللەر بويىچە ئۇزۇن قىسقىلىقى ئېشىپ ياكى كەملەپ تۇرىدىغان، كېچە - كۈندۈزگە بۆلۈنگەن بىر كۈن كېلىپ چىقىدۇ . پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا، يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوقىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتىسىغا نىسبەتەن 23، 30 بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان ھالدا قىڭغىر بولىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ .

## نېمە ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز قوغلىشىپ تۇرىدۇ؟

يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى بىر ئەسىر ئىچىدە بىر سېكۇنتنىڭ بىر نەچچە قىسمىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان مىقداردا ئاستىلاپ بارماقتا.

بۇ ئەھۋال ئالەملىك تارتىشش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان تورمۇزلىنىش خاراكتېرلىق جەريان سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ بۇنداق داۋاملىق ئاستىلىشى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، يەرشارى دەسلەپتە يارىتىلغان چاغدا ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئايلانغان ھەمدە دەسلەپكى بىر كېچە - كۈندۈز ۋاقىت تۆت سائەتتىن ئاز

بولغان، يەرشارى دەسلەپكى يارىتىلغان چاغدىكى بىر يىل بولسا، 2200 كۈندىن كۆپ بولۇپ، مۇشۇنداق ناھايىتى ئۇزاق كۈنلەر تەدرىجى ھالدا كەملەپ، ئاخىرى ھازىرقى بىر يىل 365 كۈن بولىدىغان ھالەتكە ئۆتكەن .

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە 1400 يىل ئىلگىرىلا بۇ خىل ئەھۋالنى بىزگە ئىشارە قىلغانلىقىنى كۆرۈڭ : ((شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ( يەنى ئالتە دەۋردە ) ياراتتى. ئاندىن (ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. الله كېچە بىلەن ( يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى تېز سۈرئەتتە قوغلىشىدۇ... ))، [ ئەئراف سۈرىسى، 54 - ئايەت ]

كېچە - كۈندۈز تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە يۇقۇرقى بىرلا ئايەتتە " ھەسيسا" كەلىمىسى، يەنى " ناھايىتى تېز سۈرئەت" تىلغا ئېلىنغان، چۈنكى بۇ ئايەت يارىتىلىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. الله ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغان ئۇلۇغ رەسۇلىمىزغا چەكسىز رەھمەتلەر قىلسۇنكى، ئۇ 1400 يىلدىن كۆپ ۋاقىت بۇرۇنلا بىزگە قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى قۇياشنىڭ غەربدىن چىقىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى .

ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەكىتلەيدۇ، يەنى يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى داۋاملىق ئاستىلاش نەتىجىسىدە، چوقۇم يەرشارىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى



ئۆزگىرىپ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئايلىنىش يۈز بېرىپ، قۇياش غەربتىن چىقىپ شەرققە ئولتۇرۇشقا ئوخشاش ھادىسە كېلىپ چىقىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، بۇ ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، رەسۇلىمىز دەججال ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگىنىدەك، كۈندۈز كېچىدىن ئاللاھىدە ئۇزۇن بولىدىغان نورمالسىز مەزگىل بارلىققا كېلىدۇ ...

## ئۇلۇغ مۆجىزە - تارتىش كۈچى

يەرشارى ئاجايىپ مۇۋازىنەتلىك جىسىم، ئەگەر يەرنىڭ تارتىش كۈچى بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ تەركىبلىرى بىر - بىرىگە يېپىشىپ جۇغلىنىپ شار شەكلىگە كەلمەس ئىدى؛ ئەگەردە يەرشارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانمايدىغان بولسا، مەركەزدىن قاچقۇچى كۈچىنىڭ تەسىرى بولمايتتى - دە، ھازىرقىدەك سەل ئېللىپىس شەكىلدىكى شار جىسىمغا ئايلانمايتتى .

ئەگەردە يەر يۈزىدىكى تاشلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زىچلىقى بولمىغىنىدا، دېڭىز ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر جىلغىلىرى، تۈزلەڭلىكلەر ۋە تاغ چوققىلىرى قاتارلىق يەر يۈزىنىڭ ئېگىز - پەسلىك ھالەتلىرى شەكىللەنمەيتتى؛ ئەگەردە يەرشارىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدىكى دائىملىق ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ يەر شارى سىرتقى پوستىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى بولمىغىنىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەرشارىنىڭ ھاۋا، سۇ، ھاياتلىق رايونلىرىدىكى توختىماس پائالىيەتلەر بولمىغىنىدا ؛ يەر يۈزىگە ئاقار يۇلتۇز ۋە مېتېئورىتلار چۈشۈپ تۇرمىغىنىدا ... يەر شارىنىڭ مۇۋازىنىتى بۇزۇلۇپ، ھاياتلىققا پايدىلىق شارائىت يوقىلار ئىدى ...

## ئاي شارى قانداق نەرسە؟

ئاي بولسا يەرشارىنىڭ كىچىك بىر ھەمراسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن يەرشارى دىئامېتىرىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. (3476 كىلومېتىر). ئاي شارى يۈزىنىڭ كۆلىمى 38 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە زىچلىقى $3{\cdot}36gm/cm^3$، تارتىش كۈچى بولسا، يەرشارى تارتىش كۈچىنىڭ 6/1 گە توغرا كېلىدۇ.

ئاي شارى يەر شارىنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر شەكىللىك ئوربىتىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ چەمبەرنىڭ دىئامېتىرىنىڭ يېرىمى 356 كىلومېتىردىن 407 كىلومېتىرغىچە، بۇنىڭغا ئاساسەن ئاينىڭ يەرشارى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئوتتۇرىچە 384 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاي شارى 27·5 كۈندە يەرشارىنىڭ ئەتراپىدا تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ ھەم بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئوقى ئەتراپىدىمۇ بىر قېتىم ئايلىنىدۇ. ئاي شارى



يۈزىنىڭ گرادۇسى مۇتلەق 400:100 گرادۇس ئارىلىقىدا بولىدۇ، يەنى كېچىلىك گرادۇسى 173 گرادۇس، كۈندۈزى چۈش ۋاقىتلىرىدا 127 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ . ئاي شارى بىزگە ئەڭ يېقىن ئاسمان جىسمى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئايلىنىش ھەرىكىتى يەر شارىدىكىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك كالىندارلىق رولىنى ئوينايدۇ.

## قۇياش

قۇياش بولسا، دىئامېتىرى تەخمىنەن بىر يېرىم مىليون كىلومېتىر كېلىدىغان ئادەتتىكى بىر يۇلتۇزدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ زىچلىقى $1{\cdot}25gm/cm^3$ بولۇپ، يەرشارى زىچلىقىنىڭ 4/1 گە توغرا كېلىدۇ، ماسسىسى ئىككى مىڭ تىرىللىيون توننا بولۇپ، يەرشارى ماسسىسىنىڭ 335 مىڭ ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.

قۇياش باشقا ھەرقانداق ئاددىي يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، اللە نىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆز ئىچىگە جۇغلىشىپ تۇرىدىغان ھىدروگېن گازىدىن تۈزۈلگەن ناھايىتى زور گاز شارى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھىدروگېن ئاتوملىرى يادرولىرى بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ گېلىي گازىنى ھاسىل قىلغان يادرولۇق پارتلاش جەريانىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە گېلىي ئاتوملىرى بىرىكىپ، ئاتوم ئېغىرلىقى تېخىمۇ يۇقۇرى بولغان ئېلېمېنتلارنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ھىدروگېن گازى

قۇياش ماسسىسىنىڭ 70% نى، گېلىي گازى تەخمىنەن 28% نى تۈزىدۇ، قالغان ئىككى پىرسەنتىنى كاربون ۋە ئوكسىگىن قاتارلىق ماددىلار ھاسىل قىلىدۇ.

قۇياش يۈزىنىڭ ئىسسىقلىقى 6000 گرادۇسقا يېتىدۇ. قۇياش تاجى دەپ ئاتىلىدىغان يالقۇنلارنىڭ ئىسسىقلىقى بىر مىليون سىلسىيە گرادۇسقىچە بارىدۇ، ئىسسىقلىق دەرىجىسى قۇياش مەركىزىگە قاراپ ئۆرلەپ بارىدۇ ھەمدە قۇياش مەركىزىنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى 15 مىليون سىلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا كېلىدۇ. شۇنداقلا قۇياش مەركىزىگە قاراپ ئىسسىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى بىلەن، بېسىم ۋە زىچلىقمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

قۇياشنىڭ دىئامېتىرى 400,000 مىڭ كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇياش ئەتراپىنى تەخمىنەن 300,000 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى رادىئاتسىيە رايونى ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەخمىنەن 200,000 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى تۇتاشتۇرغۇچى بەلۋاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرلۇق بەلۋاغنىڭ ئومۇمى قېلىنلىقى 500,000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ ؛ ئاندىن كېيىن مىڭلىغان كىلومېتىرغا سوزۇلغان رەڭلەر بەلۋىغى باشلىنىدۇ ۋە مىليونلىغان كىلومېتىرلارغا سوزۇلغان قۇياش يالقۇنى ۋە بورانلىرى مۇشۇ بەلۋاغدىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقىدۇ.

قۇياشنىڭ ماگنىت كۈچى تەسىرى قۇياش سىستېمىسى چېگرىسىنىڭ سىرتىغىچە بارىدۇ ۋە قۇياشنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى رايونلار " قۇياش رايونى" دەپ ئاتىلىدۇ.



قۇياش ھەر سېكۇنتتا 4.6 مىليون توننىغا يېقىن ئېنېرگىيە خاراكتېرلىق ماددىلارنى يوقىتىپ، ماسسىسى كەملەپ بارىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، الله باشقا بىر خىل شەكىل بىلەن قۇياشنىڭ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرمىغان ھالەتتىمۇ، يۇقۇرقى سەۋەب بىلەن مۇقەررەر ھالدا قۇياش ئاخىرى يىمىرىلىدۇ.

## قۇياش سىستېمىسى

يەرشارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان توققۇز سەييارىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە "قۇياش سىستېمىسى" دەپ ئاتىلىدۇ، قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بۇ توققۇز سەييارە ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تىزىلغان:

مېركۇرى، ۋېنېرا، يەرشارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئۇران، نېپتون، پلوتون .

مېركۇرى، ۋېنېرا، يەرشارى ۋە مارستىن ئىبارەت دەسلەپكى تۆت سەييارە ئادەتتە ئىچكى سەييارىلەر ياكى قاتتىق سەييارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ . ئەمما باشقا بەش سەييارە سىرتقى سەييارىلەر ياكى گازسىمان سەييارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇياش بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان سەييارىلەرنىڭ ئارىلىقى ھەرخىل بولۇپ، 58 مىليون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىلومېتىردىن بەش مىليارت 5900 مىليون كىلومېتىرغىچە باردۇ. بۇ سەييارىلەر ئىچىدە مېركۇرى بىلەن ۋېنېرانىڭلا ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ھەمرالىرى يوق.

شۇنداقلا ۋېنېرا يەرشارىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارىمۇ قارشى ئايلىنىدىغان بىردىن - بىر سەييارە ھېساپلىنىدۇ. مېركۇرى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىسسىقلىقى 465 سىلسىيە گرادۇس بولۇپ، ئۇ قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەر ئىچىدە گرادۇسى ئەڭ يۇقۇرى سەييارىدۇر .

قۇياش سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى سەييارىلەرنىڭ ھەجمى ۋە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇلاردىكى كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىمۇ زور پەرقلىنىدۇ ھەمدە بۇ سەييارىلەرنىڭ ھەر - بىرىنىڭ قۇياش ئەتراپىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققان ۋاقتى شۇ سەييارىگە نىسبەتەن بىر يىل ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، مېركۇرىنىڭ بىر كۈن ئۇزۇنلۇقى ئۇنىڭ بىر يىلىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋېنېرانىڭ بىر كۈنى بولسا، ئۇنىڭدىكى بىر يىلدىن خېلى ئۇزاق بولىدۇ. مارسنىڭ بىر كۈنى يەرشارىنىڭ بىر كۈن ۋاقتىغا ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. ئەمما مارسنىڭ پەسىل ئۆزگىرىشى يەرشارىدىكى پەسىللەرگە نىسبەتەن ئۇزاقراق بولىدۇ .

يۇپىتېر قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ سەييارە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا بارلىق سەييارىلەرنىڭ ئومۇمى ھەجمىنىڭ بىر ھەسسىسىگە



يېقىن كېلىدۇ، يۇپىتېرنىڭ ئەتراپىدا ئاز بولغاندىمۇ 16 ھەمرا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ساتۇرنىنىڭ ئەتراپىدا بولسا 20 دىن ئارتۇق سەييارە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، بۇ سەييارىنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى زور ھالقا شەكلىنى ھاسىل قىلغان مىليونلىغان ئۇششاق ئاسمان جىسىملىرى بار.

يۇپىتېرنىڭ بىر يىلى يەرشارىنىڭ11·9 يىلىغا تەڭ كېلىدۇ . ساتۇرن، ئۇران، نېپتون ۋە پلوتونلارنىڭ بىر يىلى تەرتىپ بويىچە يەرشارىنىڭ 29·5، 84، 165، 284·5 يىلىغا باراۋەر كېلىدۇ .

يۇقۇرقىلاردىن بىزنى يەر شارىغا ئورۇنلاشتۇرغان اللە نىڭ رەھمىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرىۋالالايمىز ! ...

## ئۇششاق سەييارىلەر بەلبېغى

قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارە - يۇلتۇزلاردىن سىرت يەنە بۇ سىستېمىدا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سەييارىلەر ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار بار ، مەسىلەن، مارسنىڭ ئوربىتىسىنىڭ سىرتىدا " ئۇششاق سەييارىلەر بەلبېغى" دەپ ئاتىلىدىغان، قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان نىسبەتەن كىچىك ئالەم جىسىملىرىدىن تەركىپ تاپقان بەلباغ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 920 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ كىچىكلىرى بولسا قۇم دانىسىچىلىك كېلىدۇ . قۇياش ئۆزىنىڭ زور تارتىش كۈچى

ئارقىلىق قۇياش سىستېمىسىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك جىسىملارنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇ ئاشۇ بارلىق جىسىملارنىڭ يۈزىدىكى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىنىڭ مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ.

ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە تەۋە سەييارىلىرى، ھەمرالىرى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ۋە ئۇششاق ئالەم جىسىملىرى بار بولۇپ، ئۇلار خۇددى بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىزغا ئوخشاش سانسىزلىغان سىستېملارنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سامان يولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزى ئەتراپىدا 200 نۇر يىلىدا تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

## خۇلاسە كالام

بىز ئاسمان بوشلۇقىدا كۆرۈۋاتقان بارلىق يۇلتۇزلار، اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە تەسۋىرلىگەن دۇنيا ئاسمىنىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت:

(( ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار ( يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق )) [ مۇلك سۈرىسى، 5 - ئايەت]

ئاسماننى ئىدراك قىلىشىمىزنىڭ ۋاستىسى يۇلتۇزلاردۇر، ھالبۇكى يۇلتۇزلار ئەڭ يېقىن ئاسماننىڭ زىننىتى قىلىنغان. ئەمما قالغان ئاسمانلار بولسا، ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى بىزنى ۋە ئۇلارنى ياراتقۇچى اللە بىلىدۇ.



يۇلتۇزلار سىستېمىلىرى غايەت تېز سۈرئەتتە بىر - بىرىدىن ئىزچىل ھالدا يىراقلاشماقتا ۋە بىز ياشاۋاتقان، ھېس قىلىۋاتقان كائىنات چەكسىز كەڭرىپ بارماقتا.. شۇڭا، كۆز ئالدىمىزدىكى تەرەققى قىلغان پەن - تېخنىكا دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۆز قولىدىكى يۇقۇرى تېخنىكىلىق ئىمكانىيەتلەر ئارقىلىق پەقەت دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا ئىدراك قىلماقتا. ئاسترونومىيە پەنلىرى باشقا پەنلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئىلگىرلەپ تەرەققى قىلغان مۇشۇنداق دەۋردە، مەزكۇر بىز ئىدراك قىلغان دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىڭ ئىچىدە بىزگە ئېنىق بىلىنگىنى پەقەت 10% تىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئالىملار ئېتىراپ قىلماقتا...

اللە ھەقىقەتەن ھەق سۆز قىلغانكى:

(( مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، ھەم سىلەر كۆرمەيۋاتقان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن )) [ ھاققە سۈرىسى، 38 - ئايەت ]

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ماختاش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 3

## الذين هداهم الله

تأليف : د. زغلول النجار

ترجمة : هلالى

## ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەر

ئاپتورى : دوكتور زەغلۇل نەججار

تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى



بۇ كىتابچە :

بۇ گۈزەل كائىناتنىڭ سىرلىرىغا چۆكۈپ، خارلىقتىن ئىززەتكە، ئىزتىراپتىن ھەقىقەتكە قايتىپ، زالالەتتىن ھىدايەتكە يول ئالغان ئاشۇ پاك تەبىئەتلىك ئىسىل ئادەملەرگە ۋە ئۇلار كەبى سائادەتكە ئىنتىلگەنلەرگە بېغىشلاندى .

<u>بۇ كىتابچىنىڭ مەزمۇنى :</u>

1. بۇ پەقەت ئىسلام دىنىدىلا بولىدىغان روشەن ئەقىدىدۇر
2. ئىلاھىي قانۇن
3. بۇ قەلبنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىماندىن ئىبارەت
4. قۇرئان مۆجىزىلىرى
5. خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ، مۇسۇلمان بولۇپ قايتىشتى ...

## مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ - سانالار كائىناتنىڭ رەببى اللە غا خاستۇر، دۇئايى - سالاملىرىمىز ئۇنىڭ ھەق ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، دوست - قاياشلىرىغا، ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇپ ، سۈننىتىگە ئەگىشىپ ئىزىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

اللە تائالا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئىشارەت - دەلىللەرنى - كائىنات دەلىللىرىنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى تونۇتتى . تېخى بىزگە ئاشۇنداق كائىناتتىكى ئالامەتلەرگە چوڭقۇر نەزەر قىلىش يولى ئارقىلىق ئۆز ۋەھدانىيىتىگە دەلىل كەلتۈرۈشىمىزنى ۋە ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشىمىزنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ((ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار )). [يۇنۇس سۈرىسى، 151 - ئايەت]

يەنە تېخى پەقەت كائىناتتىكى ئالامەتلەرنى كۆزىتىدىغانلارنىلا چۈشىنىدىغانلار ( ئەقىللىقلار ) ھېسابلىدى: (( ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە؛ اللە بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا ،



ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (اللە نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار)). [ بەقەرە سۈرىسى، 164 - ئايەت]

بەلكى ئاشۇ ئالامەتلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقىلنى چىقىش قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى: (( اللە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ )). [بەقەرە سۈرىسى، 73 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

(( سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە (ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ)). [ بەقەرە سۈرىسى، 242 - ئايەت]

اللە بىر مۇنچە ئورۇنلاردا يەنە ئاشۇ ئالامەتلەرنى ئاڭلىق چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ ئەقىلسىزلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: (( كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز - نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ )). [بەقەرە سۈرىسى، 171 - ئايەت]

(( شۈبھىسىزكى، اللە نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر )). [ئەنفال سۈرىسى، 22 - ئايەت].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاندىن كېيىن اللە تائالا بۇ مەسىلىنى كەسكىن تۈردە شۇنداق بايان قىلغانكى، ئىمان كەلتۈرمىگەنلەر خۇددى ھايۋانلاردەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتارراق بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەقلىنى ئىشقا سالمايدۇ: (( ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپىنچىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار ( چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر)).
[ فۇرقان سۈرىسى، 44 - ئايەت]

ئاندىن كېيىن اللە تائالا ئۇلار قىيامەت كۈنىدە جازالىرىنى كۆرگەن چاغدا، بۇنداق ئوي - تەپەككۇرغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىغانلىقلىرىنى كۆرسەتكەن: (( ئۇلار: ئەگەر بىز ( پەيغەمبەرنىڭ) سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولساق ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق، دەيدۇ. ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ اللە نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!)).
[مۇلك سۈرىسى، 10 - 11 - ئايەتلەر]

مانا مۇشۇ مەۋقەدىن بىر قىسىم كىشىلەر اللە نىڭ زور مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكتىن، اللە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئارقىلىق خەيرىخاھلىق كۆرسەتكەن، تۆۋەندىكى بىر ھەدىس قۇدسىدا كەلگىنىدەك، اللە بۇ خىل خەيرىخاھلىقنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ اللە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:" كىمىكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمىكى ماڭا بىر گەز



يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن؛ كىمىكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگرەپ كېلىمەن" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇشۇنداق بولغاچقا، اللە ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئۇلارنى ھەق يولغا ھىدايەت قىلغان. بارلىق ماختاش ئالەملەرنىڭ رەببى اللە غا خاس !

## ئېينىشتېين

ئالبېرت ئېينىشتېيندىن ئىبارەت بۇ ئالىم باشتا يەھۇدى ئېتىقادىدا، كېيىن ئاتېئىست بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن ئۇ زور كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرقى رەۋىشتە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىشىنىشكە باشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ " كېيىنكى كۈنلىرىم"دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: " ئىنساننىڭ روھى دۇنياسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدىغان ئەڭ زور خىيال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ كائىنات ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆككەن چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل تەسىرات كېچىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكلىك سەزگۈرلىرى ۋە چەكلىك ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. بىراق ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل چەكسىز مۆجىزىنىمۇ سېزەلەيدۇ".

ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: " مەندىكى بۇ خىل ھالەت ھەقىقەتەنمۇ باشقا بارلىق كىشىلەردىكى ئىبادەت ھالىتىدۇر" . ئاندىن تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: " بۇ دۇنيادا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇ خىل روھىي ھالەتتە تۇرۇپ باقمىغان ئىنسان ھەقىقەتەن تىرىك ئۆلۈكتۇر" .

كېيىن مۇخبىرلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا، مەن خۇدادىن قورقۇشقا تەگلەشتۇرۇپ ئېنىبرگىيسىنى قامىۋالغان ئادەملەرگە ھەيرانمەن، دېگەن چاغدا ، ئۇ بۇ مۇخبىرغا: " فېلمىڭ! ئاغزىڭنى يۇم، مەن ئاتېئىست ئەمەسمەن، خۇداغا ھەقىقەتەن ئىشىنىمەن" دېگەن ئىدى.

ئامېرىكىلىق بىر ئايال ئاسترونومىيىگە دائىر يازغان كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە توغرا ئېيتقان ئىدى : " ئىنسان بۇ پەنگە كىرىپ قالىدىغان بولسا، يا خۇداغا سەجدە قىلىدۇ، يا بولمىسا ئەقلىنى يوقىتىدۇ" .

## بۇ ھەقىقەتەن روشەن ئەقىدە

بۇ - ئىسلام دىنىدىلا بولىدىغان روشەن ئەقىدىدۇر ...

شۇ جۈملىدىن، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئامېرىكىلىق بىر قېرىندىشىمىز مۇنداق دېگەن ئىدى: " خرىستىيان دىنى ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەقىدە



ھېساپلانمايدۇ، ھەتتا پەقەت دىن ھېساپلانمايدۇ؛ ئۇ پەقەت بىر خىل تەۋەلىك مەسىلىسىدىن ئىبارەت، چىرىك يەھۇدى دىنى بىلەن خرىستىيان دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەقلىيەتچىلەرنى قايىل قىلىشتا مەغلۇپ بولغان چاغدا، مۇتەپەككۇرلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە مىللەتچىلىكنى كىشىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىگە قارىتالايدۇ..." .

مانا بۇ پروفېسسور جارى مىللېر. ئۇ پادىشا فەھد نامىدىكى نېفىت - كانچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا پروفېسسورى، ئەسلى كانادالىق بولۇپ، بۇرۇن خرىستىيان دىنى مىسسىئونېرى ئىدى. الله ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇشەررەپ قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلىگەن: "مۇسۇلمانلار ! ئەگەر باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۆزەڭلاردا قانداق ئۇلۇغ نەرسە بارلىقىنى سەزگەن بولساڭلار، سىلەرنى مۇسۇلمان پۇشتىدىن ياراتقان، مۇسۇلمانلار قۇچىقىدا تەربىيىلىگەن ھەم بۇ ئۇلۇغ دىن بويىچە ئۆستۈرگەن الله غا چەكسىز ھەمدۇ - سانا ئېيتقان بولاتتىڭلار ! پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنىسى، ئىلاھ ، ۋەھى، ئىلاھى بۇرچ، قايتا تىرىلىش ۋە ھېساب بېرىش قاتارلىقلارنىڭ مەنىلىرى سىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ تەلىماتىدا ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ".

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاندىن ئۇ مۇنداق قوشۇمچىلايدۇ: "مېنى بۇ دىنغا بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ روشەنلىكى جەلب قىلدى، بۇ خىل روشەن ئەقىدىنى ئىسلامدىن باشقا دىنلاردا تاپالمىدىم" .

## ئىلاھىي قانۇن

ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدە خىزمەت قىلىدىغان مىسىرلىق بىر قانۇن پروفېسسورى مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم قانۇن ھەققىدە سۆھبەت بولغاندا، ئارىمىزدا بىر نەپەر يەھۇدىي قانۇن پروفېسسورى بار ئىدى، ئۇ سۆزلەپ كېلىپ ئىسلام ھەققىدە توختىلىپ قالدى ھەمدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى پەس كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم ۋە ئۇنىڭدىن: ئامېرىكىنىڭ مىراس قانۇنىنىڭ ھەجمى قانچىلىك ، بۇنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ : ھەئە، بىلىمەن، سەككىز تومدىن جىقراق كېلىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا: ئون قۇردىن ئاشمايدىغان دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان مىراس قانۇنىنى كۆرسەتسەم، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىگە ئىشىنەمسىز؟ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېدى.

مەن قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ ماڭا: ئىنسان ئەقلىنىڭ ھېچكىم ئۇنتۇمايدىغان



ھالەتتە تۇققانچىلىق ئالاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇپ ساناپ چىقىپ، ئاندىن ھېچ بىرىگە ناھەقچىلىك قىلمايدىغان بۇنداق ئادىللىق بىلەن ئۇلارغا مىراسنى تارقىتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دېدى. كېيىن بۇ كىشى مۇسۇلمان بولدى . پەقەت مىراس ئايەتلىرىلا بۇ يەھۇدىي كىشىنىڭ ئىسلام دىنىغا قايىل بولۇشىغا سەۋەپ بولغان...

## بۇ قەلبنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، مۇستەھكەم ئورنايدىغان ئىماندىن ئىبارەت

ئەنگلىيىلىك بىر يىگىت بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇمۇ پادىشا فەھد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن 13 يىلدىن بۇيان ئىسلام دىنى ھەققىدە يېزىلغان كىتاپلارنى ئوقۇپ كەلدىم، شۇنداقتىمۇ ئىجتىمائى ھايات، ئومۇمى جەمئىيەت ۋە تۈرلۈك تۇرمۇش مەسىلىلىرىنىڭ بېسىملىرى سەۋەبىدىن، مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ، " بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى" دەپ ئاشكارا دېيىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا ئىمكانىيىتىم بولمىدى.

ئۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇ بىر كۈنى پاكلىنىپ يېتىپتۇ ھەمدە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، ئۆزىگە ھەق يولنى ئىلھام قىلىشنى ۋە قەلبنى توغرا يولغا ئېچىۋېتىشنى

ئۇنىڭدىن تىلەپتۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: تۇيۇقسىز بىرسى چۇشىدە ئۇنىڭغا : " ئى، ئىمان كەلتۈرگەنلەر! سىلەرنى، بۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان يالغۇز اللە غا ئىشىنىڭلار! " دەپ توۋلىغان. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: بۇ اللە نىڭ : توغرا يول مۇشۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئالامىتى، دېگەن ھەمدە ئۇخلىماستىن دەرھال ئوكسفوردتىكى ئىسلام مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇ ھامان مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان .

## روبېرت كونتېن

بۇ كىشى ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان نېكسوننىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى، مەدەنىيەتلەر تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، ئامېرىكىدىكى داڭلىق شەخسلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. ئۇ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە ئاقسارايدا 30 يىل خىزمەت قىلغان. نېكسون ئۆزىنىڭ بىر كىتابىنى يازماقچى بولغان چاغدا، ئامېرىكا خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن " ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى" توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىدۇ. خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىكىلەر " ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى " توغرىسىدا يېزىلغان تولۇق ماتېرىياللارنى زوڭتۇڭغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، زوڭتۇڭنىڭ بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چىققۇدەك ۋاقتى بولمىغانلىقتىن، ئۇنى



روبېرت كونتېننىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا تاپشۇرىدۇ. روبېرت ئۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن دەرھال مۇسۇلمان بولىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ماتېرىياللار مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق يېزىپ چىقىلغان ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ روبېرت كونتېن مۇسۇلمان بولغان. ئۇ كىشى ھازىر غەربتىكى مۇھىم نەشر ئەپكارلىرىنىڭ بىرىدە چاتما ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرىدۇ . مانا بۇ قەلبنى لەرزىگە سالىدىغان ئىماندۇر .

## قۇرئان مۆجىزىلىرى

بىر قېتىم مەن ( ئاپتور زەغلۇل نەججار) موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇرئان مۆجىزىلىرى يىغىنىغا تەكلىپ قىلىندىم. باشتا مەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىشنى ياقتۇرمىدىم. چۈنكى بۇ يىغىن 70 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت كۇفرى - خۇداسىزلىقنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن بىر دۆلەتتە ئېچىلىۋاتاتتى. مەن ئۆزەمگە شۇنداق دېدىم: ئۇ يەردىكىلەرنى قۇرئان كەرىمنىڭ نىداسىغا چاقىرغۇدەك ئۇلار اللە توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلسۇن؟ ئاندىن بەزىلەر ماڭا: چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بىز روسىيە مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن يىغىنغا تەكلىپ قىلىنىۋاتىمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

دېيىشتى. بىز موسكۋاغا باردۇق. كائىناتتا ئالاقىدار بەزى ئايەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، الله تائالانىڭ : (( الله ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ )) [سەجدە سۈرىسى، 5 - ئايەت] سۆزى ھەققىدە، مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇنداق بولغاندا مىڭ يىل بىر كۈنگە باراۋەر دېگەن گەپ، ئەگەر ئۆزئارا تەڭ بولمىغان ئىككى ئۆلچەمدىكى ۋاقىت باراۋەر بولسا، بۇ سۈرئەتنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن ئۇ بۇ خىل تېزلىكنى ھېساپلاشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: مىڭ يىل ... چوقۇم قەمەرىيە يىلى بولىدۇ، چۈنكى ئەرەپلەر شەمسىيە يىلىنى ئۇقمايتتى، قەمەرىيە يىلى بولسا، 12 قەمەرىيە ئېيىدىن يىلىدىن ئىبارەت، بىر قەمەرىيە ئېيى - ئاينىڭ يەرشارى ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىققان ۋاقتى دېسەك، بۇ ئايلىنىش ئوربېتىسى ناھايىتى ئېنىق ھېساپلانغان، يەنى 2.4 مىليارت كىلومېتىر، 2.4 مىليارت بىر يىلنىڭ 12 ئېيىغا كۆپەيتىلگەن، ئاندىن مىڭ يىلغا كۆپەيتىلگەن ئەھۋالدا، بۇنىڭ نەتىجىسى بىر كۈننىڭ سائەت سانى 24 كە بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ئۇنى مىنۇت سانى 60 قا، ئاندىن سېكۇنت سانى 60 قا بۆلۈنىدۇ... بۇلارنى مۇشۇنداق ھېساپلاپ كېلىپ بۇ كىشى نۇر تېزلىكىدىنمۇ يۇقۇرى بولغان



تېزلىكنى ھېساپلاپ چىقتى. شۇ چاغدا، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان بىر فىزىكا پروفېسسورى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن بۇ يىغىندىن ئىلگىرى ئۆزەمنى فىزىكا پەنلىرىدە، بولۇپمۇ ئوپتىكا پېنىدە تەڭداشسىز ئالىملاردىن ھېساپلاپ كەلگەنىدىم. مەن ئۆزەم كۆرگەن مۇنداق كەڭ بىلىم ئالدىدا ئۇنى بىلىش ئىمكانىيىتىمنىڭ يوقلۇقىغا پەقەت ھەممىڭلارنىڭ ئالدىدا " بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى" دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتىن باشقا ئامالىم يوق!

كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆت نەپەر تەرجىمان نەق مەيداندا مۇسۇلمان بولدى. بىز ئۇلار بىلەن پەقەت پاراڭلاشمىغان ئىدۇق، ئۇلار يېپىق ئەينەك بۆلمىلەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئەرەپچە سۆزلەرنى روسچىغا، روسچىنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلغانلار ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ " بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى" دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.

بۇلارلا بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىلدۇقكى، روسىيە تېلېۋىزىيىسى يىغىن ئەھۋالىنى لېنتىغا ئېلىپ، ئۇنى تولۇق تاراتقان، شۇنىڭ بىلەن روسىيە ئالىملىرىدىن 37 دىن كۆپ ئالىمنىڭ بۇ يىغىن خاتىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق.

پەقەت بۇلارلا ئەمەس ... شۇ يىغىندا (كىف مو) مۇ بىز بىلەن بىللە بولغان ئىدى. بۇ كىشى مەشھۇر ئېمبرولوگىيە

(تۆرەلمەشۇناسلىق) ئالىملىرىدىن بىرى، دۇنيادىكى مېدىتسىنا ساھەسىدىكىلەر ئاساسەن دېگۇدەك ئۇنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كىتاپلىرى دۇنيا بويىچە زور كۆپچىلىك ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مېدىتسىنا فاكۇلتېتلىرىدا دەرسلىك قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېمبرولوگىيە بويىچە يېزىلغان كىتابى دۇنيادا 25 خىلدىن كۆپ تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىك ئالدىدا مۇنداق دېدى: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ئىنساننىڭ تۆرەلمە ھالىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى ھازىرقى زامان ئىلمىدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئېنىق، تەپسىلى ۋە تولۇق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەھۋال پەقەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قۇرئان كەرىم اللە دىن باشقىسىنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مۇھەممەد اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى ھەق. باشقىلار ئۇنىڭدىن : سىز مۇسۇلمانمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ : ياق، لېكىن مەن قۇرئاننىڭ اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، دەپ جاۋاپ بەردى. باشقىلار ئۇنىڭغا : ئۇنداقتا مۇسۇلمان ئىكەنسىزغۇ ؟! دېگەندە، ئۇ: مەن ھازىر مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېلان قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئىجتىمائي بېسىملار ئاستىدا تۇرۇۋاتىمەن، بىراق، بىر كۈنلەردە ( كىنو مور) ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ، دەپ ئاڭلىساڭلار ئەجەپلىنىپ كەتمىسەڭلار بولىدۇ، دېدى.



الله غا شۈكرىلەر بولسۇنكى، بۈلتۈر ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان خەۋىرى بىزگە يەتتى.

## ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زاماندىكى دىنلار

ئەللىكىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا، مېنىڭ تېخى ياش يىگىتلىك ۋاقتىلىرىم ئىدى. ئەنگىلىيىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىدىم. بىر قېتىم " ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زاماندىكى دىنلار" تېمىسىدىكى يىغىنغا تەكلىپ قىلىندىم. يىغىن ئوقۇغۇچىلار مەركىزىدە ئېچىلماقچى ئىدى. ئۇلار ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كېچىسى تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە ئوچۇق سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەركەزگە يىغىلاتتى. ئۇلار بۇ يەرگە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى ئوقۇشقا كەلگەن بىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ مېنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغان ئىكەن. يىغىندا مەن ئىسلام ۋە ئۇنىڭ باشقا دىنلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە توختالغىنىمدىن كېيىن، شۇ كۇلۇبنىڭ مۇدىرى (ئايال) ئورنىدىن تۇرۇپ: " ئەپەندىم، سىزنىڭ دىنلار تەتقىقاتى سەۋىيىڭىز ھەممىمىزنىڭكىدىن يۇقىرىدەك قىلىدۇ، شۇڭا بىز سىز بىلەن مۇنازىرىلىشەلمىگۇدەكمىز، بۇ سۆھبەتنى كېلەر ھەپتىگە سۈرسەك قانداق قارايسىز؟ بىز شەرقتە ئۇزاق يىللار ياشىغان ھەم ئەرەپ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان كاتولىك دىنى پوپلىرىدىن بىرىنى چاقىرايلى، شۇنداق بولغاندا سۆھبىتىمىز

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر ئاز باراۋەر كەيپىياتتا ئۆتكىدەك" دېدى. مەن بۇنى قوبۇل قىلدىم. سۆھبەت كېيىنكى ھەپتىگە كېچىكتۈرۈلدى.

كېيىنكى ھەپتە مەن ئۇ يەرگە باردىم ۋە ئۇلار دېگەن ئاشۇ ئادەم بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان، ئۇزۇن مەزگىل مىسىر، ئىراق، لىۋىيە ۋە باشقا نۇرغۇن ئەرەپ دۆلەتلىرىدە ھايات كەچۈرگەن ئادەم ئىكەن.

ئارىمىزدا سۆھبەت باشلىنىپ، بىر يېرىم سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى، ئاندىن ھېلىقى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئەپەندىم، بۇ يىگىت دىنلار مەسىلىسىدە سىزگە قارىغاندا پۇختىراق كۆرۈنىدۇ، شۇڭا، بۈگۈن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن، سۆھبەتنى كېلەر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن، مەن قوشنا رايون چىركاۋىنىڭ رەئىسى پېشوپ ئەپەندىنى چاقىرىپ كەلمەكچىمەن".

ياندۇرقى ھەپتىسى ئۇ كىشى كەلدى. شەھەرچە ئۇنى چوڭ داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى. كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىغا كۆپلىگەن گېزىت - ژورنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى كەلدى. ئاندىن مەن بۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر سائەتتىن كۆپرەك سۆھبەتلەشتىم. سۆھبەتتىن كېيىن ھېلىقى خانىم سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:" مەن يىگىرمە بەش يىل كاتولىك دىنى بىلەن مەشغۇل بولغان بولساممۇ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىلىمەنكى، مەن ئىلاھىيەتنىڭ مەنىسىنى ھېچ قاچان بۇ يىگىت سەزگەندەك سېزىپ باقمامتىمەن. ھېچ قاچان ياراتقۇچى تەڭرىدىن، كائىناتنىڭ



پەرۋەردىگارىدىن بۇ يىگىت ھېس قىلغاندەك قورقۇش ھېس قىلىپ كۆرمەپتىمەن..."

ئاندىن ئۇ زالدىن چىقىپ كەتتى. كېيىن مەن بىلدىمكى، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپتۇ ۋە ئەنگلىيىدە الله قا دەۋەت قىلىش يولىدا ھەممىدىن كەچكۈدەك دەرىجىدە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپتۇ...

## فىرېد ھويل

بۇ كىشى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئىچىدە مەشھۇر بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىلمي نەزەرىيىلىرى بار. ئۇ ئۆمۈر بويى الله نى ئىنكار قىلىپ، خۇداسىزلىقنى يوشۇرماي كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە كائىنات ئەزەلى بولىدۇ، يەنى بۇ ئالەمنىڭ باشلىنىش نوقتىسىمۇ، ئاخىرلىشىش چېكىمۇ يوق. شۇڭا ئالەم الله تەرىپىدىن يارىتىلمىغان دېيىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق يازمىلىرىدا خۇداسىزلىقنى مانا مۇشۇنداق ئاشكارا سۆزلەپ كەلگەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ، ياشلىق ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ۋە شۆھرەت - ئابروي قوغلىشىشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغان ياشلارغا قەدەم قويغان چاغدا، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىلمي - مەلۇماتلىرىغا قايتىدىن تەپسىلي نەزەر سېلىپ، پاراسەت يېشىدىكىلەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن يازغان كىتاپلىرىنى قايتىدىن ۋاراقلاپ چىققاندىن كېيىن، بۇرۇنقى قاراشلىرىغا قارشى ھالدا،

"پاراسەتلىك ئادەم" ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: " بۇرۇن خۇدانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدۇق، ھالبۇكى، خۇدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى ئارا بوشلۇقلارغا بىز نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان يېگىدىن يارالغان ماددىلارنى تولدۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ بىر-بىرىدىن غايەت زور يىراقتىكى يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنىڭ مۇنداق چەكسىز بوشلۇقتىكى ئارىلىقلىرىنى تولدۇرىدىغان بۇنداق ماددىلارنى پەقەت بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ".

ئۇنىڭ بۇ يېڭى كىتابى نۇرغۇنلىغان ئىمانىي مەسىلىلەرگە ئائىت قاراشلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ئەقلي قۇۋۋىتىنى ۋە ئالەم توغرىسىدا جىددىي ئىزدىنىپ مۇلاھىزە قىلغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن شۇنداق دەپ ئويلايمەنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى قانچە بۇرۇن ئىسلامغا دەۋەت قىلالىساق، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش پۇرسىتى شۇنچە تولۇق بولار ئىدى.

## ئىخلاس بىلەن دەۋەت قىلىش

الله يولىغا دەۋەت قىلىش - بۇ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبە قورالىرىنىڭ بىرى، بىز ھەربىي، ئىقتىسادي، تېخنىكىلىق ۋە تەشۋىقات ۋاستىرىلىدىن ئىبارەت غەلىبىمىزنىڭ بارلىق ماددىي ئىمكانىيەتلىرىنى قولدىن



بېرىپ قويغان ۋاقىتتا، قولىمىزدا الله غا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك قورال تېخى تۇرۇپتۇ !

الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەر قانداق بىر جايدا ئىسلام دىنى ھەققىدە سۆزگە چىققىنىمدا، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ دىنىمىزنى قانچىلىك ياقتۇرمايدىغانلاردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ دىلىغا سۆزلىرىم ئېنىق تەسىر قىلغانلىقىنى بايقىدىم . بىر قېتىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئۇ يەردىكى تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى قېتىم لېكسىيە سۆزلىدىم. بىرىنىڭ تېمىسى" ئىسلام ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرق"، يەنە بىرىنىڭ تېمىسى " كوممۇنىزمنىڭ يىمىرىلىشىدىن تەسىرات" ئىدى. لېكسىيىگە كەلگەنلەر ئاساسەن يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار، سېكۇلارىستىك مىللەتچىلەر، كوممۇنىستلار، ۋە ئېتىقاتسىزلاردىن تۈزۈلگەن ئىدى. بىراق مەن ئىسلام دىنىمىز ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەر ئالدىدا

مەۋجۇد بىردىن - بىر ھەقىقەت ئىدى ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خىرىستىيانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كېلىشسىمۇ، مۇسۇلمان بولۇپ قايتىشتى.

بۇنىڭ ئەڭ تولۇق پاكىتى شۇكى، بۇ رايونغا قورال - ياراق كۈچى ۋە ئىلغار تېخنىكىسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېلىشكەن ئامېرىكا - ياۋروپا ئەسكىرى كۈچلىرى ئارىسىدىن ئون مىڭلىغان ئادەملەر ئىنتايىن ئاز، لېكىن ئىخلاس بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا مۇسۇلمان بولۇپ قايتىشتى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىدىكى پولكوۋنىك دەرىجىلىك مۇسۇلمان بولغان بىر دوختۇر خانىم ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، غەيرى مۇسۇلمان ئېرى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈش ھالال بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بىزگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، بالىلىرى بارلىقىنى، ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىشى لازىملىقىنى سورىدى. قېرىنداشلىرىمىز ئۇنىڭغا ئېرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئېرىگە ئىسلامغا ئائىت كىتاپ - لېنتىلارنى ئەۋەتىپ بېرىشكە مەسلىھەت بەردى. ئۇ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، ئېرى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۇنىمىدى. بۇ خانىم يەنە كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن، قېرىنداشلار ئۇنىڭغا، ئېرىڭىز بىلەن تېلېفوندا تەپسىلىي سۆھبەتلىشىپ كۆرۈڭ، دېيىشتى. ئۇ ئېرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئېرى يەنىلا مۇسۇلمان بولمىدى. ئۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ دېگەندە،



قېرىنداشلىرىمىز ئۇنىڭغا: بىز قېشىڭىزدا تۇرۇپ تېلېفوندا ئېرىڭىزنىڭ سوئاللىرى بولسا جاۋاپ بېرەيلى، سىز سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇڭ، دەپ مەسلىھەت بەردى.

تېلېفون ئارقىلىق سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرى تېلېفوندىلا شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

بۇ خانىم دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى دەۋەت ئېلىپ بارىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىرىگە خەت يېزىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: " الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەم (ئېرىنى دېمەكچى) مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا نىسبەتەن ئون مىڭ ھەسسىلەپ ئائىلىسىنى سۆيىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان ئۆلگىلىك ئەر بولۇپ قالدى ... "

مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولۇپ قايتقان يېتەكچىلەرنىڭ بىرى.

ئىسلام دىنى ۋە بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا قارىتا مەجبۇرىيىتىمىزمۇ شۇنداق زور !

بارلىق خاتا ئەقىدىلىكلەر ئۆز نەزەرىيىلىرى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشۋاتقان بۇ كۈندە، ئىسلام دىنىمىزدىن ئىبارەت ئۆز ئۈستىمىزدىكى ھەقىقەتنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز !

* دەل مۇشۇ تۇپەيلىدىن، ئامېرىكا ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئىرۋىڭ ( T·B·Irving ) نۇرغۇن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك خىتاپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان: " مۇسۇلمانلار! سىلەر تېخنىكا، ئىلىم - پەن، ئىقتىساد، سىياسىي ياكى ھەربىي كۈچ نۇقتىسىدىن غەربلىكلەر بىلەن ھەرگىزمۇ تەڭ قەدەمدە ماڭالمايسىلەر، بىراق سىلەر بۇ تەكەببۇر، مەنمەنچى ۋە ھالى يوغان غەربنى ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئالدىڭلاردا تىزلاندۇرايسىلەر!"

ئۇ يەنە مۇنداق قوشۇمچىلىغان: " سىلەر ماڭا بۇ دىننى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئۇنى ئۆزلىرىگە تولۇق ھالدا ياخشى تەتبىقلىيالايدىغان ۋە ھازىرقى زاماننىڭ تىلى بىلەن كىشىلەرگە ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان 40 نەپەر ياشنى بېرەلىسەڭلار، مەن ئۇلار ئارقىلىق ئىككى ئامېرىكا قىتئەسىنى تولۇق قولغا ئېلىشقا سىلەرگە كېپىللىك بېرەلەيمەن!".

تەنھا الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ھازىرقى ۋاقىتتىكى قولىمىزدا بار بىردىن - بىر قورالىمىز- ئىسلام دىنىمىزنى تولۇق چۈشۈنىشىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزگە تەپسىلىي تەدبىقلاپ، ئاندىن باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشىمىزدىن ئىبارەت.

## خۇلاسە كالام

ئەنە شۇ كائىنات سىرلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ پەرۋەردىگارىنى ئىزدىگەندىن كېيىن ئۇنى تونۇپ مۇسۇلمان



بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئۇستىمىزدىكى ئېغىر مەجبۇرىيەتنىڭ قانداق زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم:

* الله نىڭ كائىناتتىكى ئالامەتلىرىگە چوڭقۇر نەزەر قىلىپ تەپەككۇرىمىزنى يېڭىلاش. شۇنداق قىلغاندا الله تائالانىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغان بولىمىز: (( ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار، مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ)ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ)).[يۇنۇس سۈرىسى، 101 - ئايەت] شۇنداقلا الله تائالا تىلغا ئالغان ئەقىل ئىگىلىرىدىن بولىمىز: ((شۈبھىسىزكى، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. " پەرۋەردىگارىمىز، بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" (دەيدۇ) )). [ ئال ئىمران سۈرىسى، 190 - 191 - ئايەتلەر]

* يەنە بىرى، ئىسلام دىنىمىزنى ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن توغرا چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغىنىمىزدا، ئۇنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىمىزدە ھەقىقى تەدبىقلىيالايمىز.

* يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسلام دىنىمىزنى ئۆزىمىزگە ۋە جەمئىيىتىمىزگە بىرمۇ - بىر ئەمەلىي تەدبىقلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا بىزنىڭ ئۈستىمىزدە زور بىر مەسئۇلىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ، اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا تەرەپكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداقتا رەسۇلىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولىمىز: ("سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن اللە نىڭ بىر ئادەمگە ھىدايەت قىلغىنى سەن ئۈچۈن تاغدەك بايلىقتىن ياخشى")، [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

شۇنداقلا اللە تائالانىڭ بىز توغرىسىدىكى بۇ سۆزى ئەمەلىيلىشىدۇ: (( (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان اللە ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر...)) [ ئال ئىمران سۈرىسى، 110 - ئايەت ]

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ماختاش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!

ئىسلام نۇرى شەھرى

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 20- كۈنى

ئىستانبولدا نەشر قىلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

1

نېمە ئۈچۈن كائىناتقا نەزەر تاشلايمىز؟ 2

مۇقەددىمە...................................... 4
پەرۋەردىگارىڭ بارلىق نەرسىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگەندۇر.................................. 6
ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە مۆجىزىلەر بار.. 7
ئالاھىدە مۆجىزە ـ ھېدروگىن.................. 8
بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەت............ 14
روھ دېگەن نېمە؟.............................. 16
بىز كەگرىتكۈچىدۇرمىز........................ 17
ئاغزاكى پاكىتلار ......................19
ئىمان مۇقەررەر نەتىجىدۇر.................... 20

2

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قۇدرىتى 24

مۇقەددىمە ........................................ 26

كائىنات بىلەن تونۇشۇش ھاياتىمىزدىكى بىر مۇھىم ئىش.......................... 27
يەر يۈزىدە ئىككى مىليون ھاياتلىق تۈرى ياشاۋاتىدۇ.......................... 33
لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق .......................... 34
نېمە ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز قوغلىشىپ تۇرىدۇ؟.......................... 39
ۋاقىت ئۆلچەشنىڭ مۇكەممەل ۋاستىسى - ئاي.. 42
قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاجايىباتلار............ 45

3

ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەر 50

مۇقەددىمە .......................... 52

بۇ پەقەت ئىسلام دىنىدىلا بولىدىغان روشەن ئەقىدىدۇر .......................... 56
ئىلاھىي قانۇن.......................... 58
بۇ قەلبنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىمانىدىن ئىبارەت.......................... 59
قۇرئان مۆجىزىلىرى .......................... 61
ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زاماندىكى دىنلار....... 65



خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ، مۇسۇلمان بولۇپ قايتىشتى .......................... 70
مۇندەرىجە .......................... 75